

# ادبيات

# EDEBiYAT

توغوم سانى

ش. غ. م. ج. طرفيدن نشر ايتلدى

1947 - يل ديكابر

# مندرجه


-1 ادبیاتنڭ تعریفی — اداره

-2 ابو علی ابن سینا «TAN» — عمررضاطغرل

-3 اویغورتورکلریده صحنه ادبیاتی وموسیقا — حاجی یعقوب

-4 دوغوتورك ایللرنده قردەش سسی (تورکشیوەسنده) — بسیم آتالای بك

-5 گورسس — مسعودافندی صبری

-6 صوکقی بردرس ،، جهان قسقەروماننده ،، — حاجی یعقوب ترجمه سی

نوایی‌دین پارچەلر — خمسه نواییدین

-7 جیاڭ جوشینه مدحیه — اوتکور

-8 مینڭ تلیم — کاظم نامی

-9 شانلی قرآن (مارش) — مرحوم موفیزاده

-10 قزلرنی اوپەیلیمو ؟ اوپمەیلیمو ؟ — ماتریال بولومی

-11 1948 نچی یل تقویمی — اداره



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

# ادبيات نظريه‌سى

李森
贈書

## ادبياتننك تعريفى

### ادبيات نمه؟

ادبيات ديگه‌ن نمه؟ ديگه‌ن سوالغا موشو كونگيچه ليك عمو ملاشقان بر تعبير نلك بيريلگينى يوقدور ، كوبليگه‌ن دونيا اديبلرى اوزلرينك ميگه لرينى بو ‘‘ادبيات’’ديگه‌ن كلمه اوستيگه صرف قلدى . هيچ برى قناعتله‌نگيده‌ك بر تعريفنى ادبيات صحنه سيگه آتالميدى ، شونداق بولسه‌ده بوحقده ‘‘ تعريف ‘‘ اورنيدا استعمال ايتكيده‌ك بر خلاصه لر اشله‌ب چيقارديلر . توبنده بز مشهور اديبلر طرفيدن ادبياتقا بيريلگه‌ن تعريفلرنى كوز دن كيچيرب اوته‌يلوك :

شرق وغرب ادبيات ايدياليوگيه‌سينك جمله‌سى قاراڭغو برحالتدن آيدينلقا ، مركب ترتيبسز بر حالتدن ترتيبلى وماده‌لى بر حالتكه كه‌لدى .

انگلیزچه ده (literature) ادبیات دیگه‌ن کلمه‌ـ عموماً علملردن خبردار ، کتابلر خزینه‌سی ، ادبیات شعرلی مقاله‌لر معنا سنده تفسیر قیلینیدو . بو کلمه لاتین سوزی بولوب زمانه سیده روما عالملری طرفیدن صرف نحو ، یازی ، بلم کبی 3 معنا ده استعمال اینیلگه‌ن . صو گره‌دین زمانلنك آلغا باسیشی ایله عالملرك تدقیقاتی نه‌تیجه سیده ادبیات ایدیالو گیه‌سی سکین ـ سکین آیدینلا شدیلر . توبنده‌کی خلاصه‌لر مانا شو دوره‌لرنی کیچیر شدن صوك ئه لده اینیلگه‌ن نه‌تیجه لردور .

1- فرانسوز انتقادچیسی Vinet وینیت : « ادبیات ـ انسانلنك انسانغا قاراتا اوزینك عمومی یوسونده‌کی اثرلرینك افاده سیدور . »

2- انگلیز انتقادچیسی Arnold Marthew ـ مارثهی آرناولد :
«ادبیاتنك اوزی بك کهك بر اصطلاح بولوب ، اونی یازیق بله‌ن یازلغان ، مطبعه ده باسیلغان بارچه نرسیلرگه ئه‌یتش ممکندور . » دیمشدور .

3- انگلیز ادیبلریدن Posnett پوسنیت : « ادبیات نثر وشعربله‌ن کورسو تولگه‌ن بارچه نرسیله‌رنی اوزاچیگه آلیدو ، اونی انعکاس اینیدو ، او ، تصویر وتوشه نچه لرنك نتیجه سی



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بولوپ ، اونکده تربیەلەش وعملی ثمره بولوش بلەن عاممه گه
بر شادحیات بخش ایته جك عمومی بلملرنی اوزاچیگه آلغان
برنرسەدین عبارتدور . » دیمشدور .

4- 19 نجی عصرده یاشامش انگلیزلرلڭ الڭ مشهور ادیبی
دەقونچی - De Quincey : « اول بلملی ادبیات بو لسا اوندن
صوڭ کوچلی ادبیات بولور ، آلدنقیسی تعلیم خاصیتیگه ایگه بو
لسا ، صوڭغیسی تویغو خاصیتیگه ایگه دور . » دیمیشدور .

5- آمریقان پولیستون دارالفنو نینڭ فیروفیسوری
Theodape W. Hant تیئودور و. هانت: «ادبیات -مفکوره لر نڭ
یازیقنڭ افادەسی بولوب تصور توشه نچه ، حس محبت ، وذوقدن
اوتکەن ، خلق آسان توشو نه له یدیغان ، همده ذوق وحس
اویغو تیدیغان غیر مخصوص بر فورمادین عبارت . » دیمشدور .

6- انگلیز وآمریقان ادبیا تیدا مشهور بولغان Long -لونگ :
«ادبیات انسا نلر نڭ ئەڭ گوزەل مفکوره وحسسیا تینڭ تذ کیره
سیدور .» دیمشدور .

7- Winchester - وینکیهستر اوز ینڭ ادبیات نظریەلری
توب قاعیدەسی (Some principes of Literatupy criticism) دە:
„ ادبیات مفکوره (Thought) ، ذوق (Emotion) ، تصور خیال

(Imagination) شكل فورمالر ادبياتنڭ اصل عنصرلرى بولوب ، بو تورت عنصر ادبيا تنڭ شكلى تأثيرا تيدور ، شونڭدەك بوتورت نر سەنڭ برلەشكەن جسميدن عبارتدور . ›› ديمشدور

8- چين عالملريدن لوجيالون (حاضيرده چيننڭ هندستان سفيرى) تورتنجى ماى حركتيدين صوڭ ‹‹ ييڭى آقيم ›› مجموعه سيده ‹‹ ادبيات نمه ؟ ›› سرلوحەسيله برمقاله نشرايتب آخرده ‹‹ ادبياتقا تووەندكيدەك تعريف بەرگەن ايدى : ‹‹ ادبيات كشيليك حياتينڭ ايفادەسى وتنقيدى ، ئەڭيا خشى مفكورەلر دن يازلغان ، اونڭده تصورتوشەنچەلر ، حسى محبتلر ، ترتيبلى ماتيريالالر ، صنعتكەاويغون تشكيللر ، اوزون حاللرده توپلانغاندور ، او آدملرنڭ عمومى روحى حاليدا توشەنچەلر حاصل قيلدورالايدو ، وئەڭلذەتلى نەرسەلردن عبارتدور . ›› ديمشدور .

يوقوريدا بز ‹‹ ادبيات ›› كلمه سيگه ادبيات عالملرينڭ بەرگەن هرخيل تعريفلرينى كوزدين كيچيردوك . بولاردين ادبياتنڭ تار برداڭرەدين رواجلنب كەڭبرداڭرەگه چيققانلقينى كورومز . عموماً ادبيات كەڭ وتار معناسى اعتباريله ايككيگه بولونودو : كەڭ داڭره ديكى ادبيات (مركب ادبيات) بارچه علملرنڭ جامع اسميدن عبار تدور . بونرسەنى بزادبيات داڭرەسيدين چيقاريب تاشلاغانيمزده



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تاردائره‌لك ادبيات (صاف ادبيات) كيلب چيقادور ، منابوخيل ادبيات حقيقى معناسى اعتبارى ايله‌ن ادبياتدور . ايمدى بز ادبياتقا توبنديكيچه بر تعريف بيريمز .

„ادبيات - يازيقى استعمال قلش فورماسى ايله‌ن حيات جريانينك صاف محبتلرينى افاده قليديغان ، سويوچان مفكوره ، ونازيك صاف بر تصوردن عبارتدور ، هه‌م خصوصى خاراكته‌رنك اوسوافاده‌سى ، كشيليك حياتينك انعكاسيدور .“ اداره

# مشهورشخصلر

## مدنيت دونياسندا آلتى عصرخوجالق ايتكه‌ن

## تورك عالمى عبدالله اوغلى حسين ابوعلى ابن سينا

تورك ملتينك بوگونكى يوروشيگه ، مثبت علمگه تايانغان ييگى حمله‌سيله ، چوق اويغون برحركتده بولغان ابن سينا دورينك بتون عرفانينى احاطه ايتمش برداهى ايدى . فقط ئه‌ك بيوك موفقيتى مثبت علمگه خذمتده ايدى .



ابن سینا (980—1037)

(دوقتور رضا نور بیکنك 1924نچی ییلی استانبول، مطبعۂ عامرەدە باسیلغان «تورك تاریخی» نك برنچی جلدی، 162نچی صحیفەسندەكی بویاقلی رسمدەن چیقاریلمشدر.)

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اونكغا اونوتولماس بركون قازانديرغان وعلم تاريخيدا تەوره نمەس برموقع تأمين ايتكەن عامل ، فنى وبالخاصه طب علمينى آلغاسورگەن اثرلرى ايدى . تورك تاريخيدا مثبت علم دورينك باشاديغى بووقتده آتالرمزدن الك فضله حرمتكه لايق اولغانلر ، هيچ شبهه يوقكى ، مثبت علمگه خذمت ايتكه نلردين موندين 910 يل بورون وفات ايتكەن ابن سينانى عزتلەش اوچون تورك تاريخ قورومى 1937 نجى سنەسنده بوبيوك عالميمز نلك 900 يللق يوبيله سينى اوتكەز مشدور . بوگونكى توركنلك تيلەگينى واسته گينى افاده ايتمش ، وه توركنلك هرشى دين زياده علم وانسا نلققه خذمت ايتكەن اولوغلرگه الك درين سايغى وسەوگى ايله باغلى اولديغينى كورسه تمشدور .

ابن سينا حقيقتاً بيلينشكه ، سيويلمه ككه وه تعزيز ايتلمككه لايق برشخصيتدور . بتون يونان واسلام عرفانينى تصنيف واصول باقيمندين برشرح اثر سانيلشقا لايق « القانون » نده توپلاغان وبوطب انسيكلو پيدياسينى بتون انسانلرگه سونغان بوآدم ، عصرلرچه بتون مدنيت عالميگه طب اوستاليغى بولدى . اثرلرى 12 نجى عصردن باشلاب لاتينچەگه اويريلمش ، 15 نجى عصرنلك صولك اوتتوز يليده ، 16 كره اون آلتنجى عصرده يگرمه كره

باسیلمش ، 17 نجی عصر نلڭ صوڭلرینه قدر دنیا اونیویرسته‌لرنده اوقولمش وبتون دونیاغا طب علمینی اوگره تمیش بولونیور . دیمککی ابن سینا نلڭ مدنیت دونیاسیغا قارشی استادلیغی ، بویله 6 عصرگه قدر دوام ایتمش ، وبتون بومدت طرفنده ده بوخوجا تورك بتون مدنیت عالمینی قارشیسیغا آلاراق اوقوتمیش ، بتون مدنیت دونیا سینك شکران ومحبتینی قازانمشدور .

فانیلر اچیده بوبختیارلقغا سزاواراولغانلر هرحالده بك نادیرلر، وتورك ملتی بونادیر اولادی ایله نه‌قدر افتخار ایتسه حقلیدور .

ابن سینا شرق دونیا سینك فتنه وفساداچیده چالقالغان ، امنیت وحضور نلڭ اورتادین بسبتون قالقمیش سانالغان بردورده توغولدی . توغومی 980 نجی سنه سیگه تصادف ایده‌ر. توغولغان یری بخارا نلڭ آفشینا قصبه‌سی ایدی ، آناسی توغولغان یرینك یرلیسی بولوب آتاسی بلخ آهالیسندن ایدی . وبخاراداحکم سورگه‌ن سامان‌اوغوللری دین منصوراوغلی II - نوح نلڭ مأمورلریدین ایدی . ابن سینا دورنلڭ الڭ مهیم عرفان قایناقی بولغان بخارادا تحصیلگه باشلاب الڭ کیچیك یاشیدا زکاسی واحاطه‌سی ایله کوزگه کوروندی . اون آلته‌یاشینی تماملیغان وقتیدا دورینك عرفانینی قوچاقلاب طبابتله مشغول اولدی . ابن سینا برطرفدن معیشتینی



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قازانماق اوچون چالیشیور ، برطرفدن یوکسک فلسفه مسئله لریله اوغراشیور . و آرسطو نڭ مبادالطبیعه سنده اوچراغان قین مسئله لرنی یەشمەککه چالیشاردی ، بووقتلریدا یاردمیگه یېتشکەن و آرسطو نڭ معمالری اچنده غیب اولما قدین قوتقازغان عامل ، تورك فیلیسوفی فارابی نڭ یازغان شخص اثرلری بولدی . ابن سینابو شرحلر سایەسنده آرسطونی قوغلیغا ندین صوڭره مزیتلریدین حقیله استفاده ایتمك دوریگه کیرمش ، وسامان اوغلینڭ طبیبلیغیگه تعیین اولونمشدی . 997 - ده سامان اوغلینی تهلیکەلی برکیسه لدین قوتقوزوشقا موفق اولوشی سایه سنده امیرنڭ یقینلریدن اولمش ، علم وعلم آدملریگه الڭ بیوك سایغینی کورسه تکەن سامان اوغو-للرینڭ کتبخانه سیدین استفاده امکانینی قازاندی . صوڭرەلری بو کتبخانه نڭ یانماسی ابن سینا نڭ دشمنلریدن برقسمینڭ بو یانغیننی ابن سیناغا اسنادایتیشی ، اونڭ بلم قایناقلرینی اورتادین قالدیرماق ، کتبخانەنی آغیزغا آلما سلیقیغا سبب بولمشدور .

ابن سینا دەسلەبکی اثرلرینی بوسیره ده یازشقا باشلیدی واولومیگه قدریازشدا دوام ایتدی فقط بتون بودور اختلال ، امنیتسزلك وحضورسزلك دورەسی ایدی . 1004 ده سامان او-غوللر ینڭ سلطنتی صوڭیغا یەتدی . ابن سینا محمود غزنوینڭ

تـكليفلرينى قبول ايتمه سدين خيلى برزمان اوتـكەنز گەچ صوگره
دەولەن اميرى قابوسنك يانيدايەرلەشمش ، فقط بويەردە هم
قوپقان براختلال سبيدين يرليشيشكه امكانسز بولوب ، اغيربر-
خستەلق كيچيرب صوگره جرجان دە بردو ستينك حمايەسيگە سا
غينميش واونك تأمين ايتكەن اوييدە منطق وهيئت درسلرى بەرمش،
ينەبرطرفدن ,,القانون،، آتلى معظم اثرينى يازما ققابا شلا مشدى .
ابن سينا دها صوگره لرى ، بوگونكى طهران نلك جوار-
ندەكى پەرى شهرندە اقامت ايتب 30 غايقين كچيك رساله لرينى
يازميش ، فقط اوزلوكسز قوپقان اختلالر يوزندن تكراريولغا
چيقماقتا مجبور قاليب همدانغا كەتميش بويردە يرلشمش ، اوزيگه
بويرنك اميرى بولغان شمس الدوله طرفندن وزيرليك رتبەسى
بيرلمش ليكن ابن سينا بويردە هەم راحت يوزى كورميدى .
ابن سينا گاهى يوشورنوب ، گاه علمندن استفاده اوچون
ايزدەلگەن وقتيدا ميدانغا چيقار ايدى ، فقط وقتينك تارليغينە
قاراما سدن ,,القانون،، نى يازار ، ,,شفا،، سينى تماملا شقاغيرت
صرف قيليوردى ، ودرس بيرييوردى .
شمس الدوله نلك اولومى اوزرينه همداندين چيقب اصفها-
نگە كە تمەكنى توشەنگەن وبوسيا حتينى تأمين اوچون محاربەگە



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

كيرشكەن ابن سينا ، همدان اميرى طرفندن ياقالنب حبس ايد يلمش ، همدان ايله اصفهان آراسيدا دوام ايتكەن محاربەلر وقتيده برمونچه ماجرالردن صوكره اصفهانغا كتب حياتينك اون-اون ايكى سنەسينى علاء الدوله نلك يانيدا كيچرمش ، بودورده ادبيات ولسانيات ايله مشغول اولمشدور .

ابن سينا برطرفدن علمى مساعيسينه بيوك برفعاليتله دوام ايدييور ، ديگرطرفدن ئەگلە نجەلرينى اهمال ايتميوردى . اوزى علمگە توشكونلوك درجەسندە ذوق ابتلاسى ايله تونولمشدى . بويوزه دين اصفهان اوردو سينك همدان اوزينه يوروشى وقتيدا اغير برخسته ليغى توتميش 1.037 نجى سنەسى هنوز 58 ياشيدا ايكن وفات ايتمش ، وهمدانده دفن قيلنمشدر . مزارى بوكونگە قدر درين برحرمتله زيارت ايديلير ، وبر ولى كبى تقديس وتعظيم ايله قارشيلانور .

ابن سينا نلك آوروفادا تانيلميسى 12 نجى عصرده باشلا نميش ونفوذينك تأثيرى 17 نجى عصرگە قدر دوام ايتمشدور .

آوروفاليلر ابن سيناغا (Avisennc-Ie Prinse des medisins) ,, ابن سينا حكيملر پرەنسى '' ديسەلر ، شرق خلقلرى ,, شيخ الرئيس '' عنوانينى بيرورلر. ابن سينا نفوزينك بودرجەده اوزون

سورمه سینك ئەلك مهیم سببی اونده کی میتود قوتیدور ، وبوقوت
هراثر یندن فضله ,,قانون‘‘ ندا کوزگه اوچرایدو . بواثر 5 کتابدن
متشکلدور . دەسلەبکی 2 کتاب فیزیئولوژی ، فاتالوژی ، وحفظ
الصحت موضوعلریله مشغول اولور . اوچونجی وتورتنجی قسمی
تداوی اوصولینی آکلاتیر . بشنجی قسمی علاجلریك ترکیبی ایله
علاقیدار دور . بواثر 1650 نجی سنه سینه قدر لو آوین ، مونته فەللیر
اونیویرستەلرینده اوقولغان ئەك مشهور طبی اثردور .

ابن سینا یوزگه ییقن اثریازمشدور ، بولەر نلك اچیده بر
قانچه صحیفەلك رساله‌لر بولغینیده‌ك بر قانچه جلدلك معظم اثرلریده
باردور . بیوك اثرلرینك اڭ مشهوری بحث ایتد یکیمز ,,القانون‘‘
,,شفا‘‘ ,,نجات‘‘ دور . قانونلك لاتینچه ایله 30 طبعی بولندیغی
کبی ، طبی اثرلرینك کوپی ده لاتینچه گه اویریلمش ، وبتون
مدنیت دونیاسندا تونولمشدور .

بز بوبویوك آده میمز نلك خاطره سینی یاشاتماقله علمینك
یورتیمزده ییکیدن کوك سالیشینی هەم قوتلایمز .

عمررضاطغرل «TAN» غزته سیدین



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# اویغور تورکلریده صحنه ادبیاتی و موسیقا

همه‌گه معلومکی شرق مدنیت تاریخیدا، بالخاصه اورتا آسیا مدنیت تاریخیدا اولکه‌مز چینی‌تورکستاننک صنعتی ، ادبیاتی ، موسیقاسی زور بر اورون توتقاندور . چین مورخلری 8 دین زیاده موسیقالر نلك غربدین (چینی تورکستاندین) داخلغا کیرگه نلیکینی وثیقه لر ایله‌ن اوز تاریخلریغه قید قلمشدور . ذاتا بوگون بزچینی تورکستان تورکلری مدنیت ، عرفان ، حکمت جهتچه جهاننك مدنی ملتلری درجه سیگه تیزیلا آلماساقده ، موسیقا صحنه ادبیاتی جهتچه اولارنلك قاتاریغا تیزیلا آلورمز . بوگون 20 نجی عصر دنیا سیدا فن وحکمت بدیعی صنایع جهتچه الك ایله‌ری که تکه‌ن آمریقالیلارمو قزیل زنجیلر نلك برخیل آیاغ اویونلر ینی اصلاح قلب صحنه تمثیللری صفیگه قوشمشدور ، هند مغربیلر ینك ساغر اسینی ، کوکسینی ، دولاسینی حرکتله‌ندیرب اویناغان اوصوللری بزم اوصولیمز آلدیدا هیچ نرسه ایمه‌سدور، اگر تیانشان صحنه ادبیاتیغا آمریقا صحنه تخنیکاسی اوزله شتورولسه بزم اویونلرمز محقق دنیاننك الك الغار ، الك سویوملی وصنعت اهلیلری طرفیدن تقدیر

ایتیلە جلك بر حالغا كە لگوسیدور . چونكی بز دەكی سیلیق ماكیشلر ، جان آلوچی قاش آتیشلر ، لطیف باش اویناتشلر ، بارما قدن تاوش چیقارشلر ، اونكغا قوشولغان 15 خیلدن زیادە موسیقالر طبیعی صحنە ادبیاتیمزنك قمتینی دائما آرتدیرا جقدور .

چینی توركستانینك صحنە ادبیاتینی بو قسقە مقالە غە سیغدو- روش اصلا ممكن ایمەسدور ، شونداق بولسومو بومقالە بزم صحنە ادبیاتیمز حقندە فقط سطحی غینە بر توشە نجە بیرە آلاجقدور .

## 1 ـ بز دە صحنە ادبیاتی

بتون ملتلر دە صحنە ادبیاتی مشترك بر حالدا عشق ماجرا سی دائرە سیدن چیقب كیتە لمیگەنیدەك بزنكدە صحنە ادبیاتلرمز ، غزللرمز ، داستانلرمز ، حكایەلرمز تمام عشق محبت ماجراسی ایلە تولغاندور . بز نلك كیلاسسیك شاعرلرمز ، ادیبلرمز ، بر تورلی دینی منبعدن الهاملنب اوزتصورینی ، اوز خیالینی ، اوز سوزینی گە ودە لە ندیرب منظومەلر ، داستانلر ، یازسالر ، بز نلك بوگو- نكی یاش ادیبلرمز یاش شاعر محررلرمز برخیل دینی وملی منبعدن الهاملنب بتون ادبیات میدانیدیكی ایجادلرینی وطنینك زاری ، آەفغانی ، دردی ، ملت وخلقینك دنیادین شكایتی ،



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کیله‌جه‌کدین امیدلری کبی طلبلرگه ترجمان اولاراق ادبیاتلر ایجاد قلما قده‌دور . شونگده‌ك حاضر بز نلڭ میدا ندیکی ادبیاتلر مزنلڭ کو پچولوگی زمان وسیاستنلڭ قسین شرائطلری آستیدا قیلیدیغان سوزلرینی فکرینی ، مقصدینی توغریدن - توغری وسربست ایتالما سدن بیره ر واسطه وایکنجی بر نرسه‌نی اورتاغا قسدوروب میدانغا چیققان ادبیاتلردن عبارتدور . حریتی مطبوعات اولکه‌مز ده (اوتموشده) فقط بولمیغانلقدن بزنلڭ ادبیاتیمز سربست اوز میلیجه انکشاف ایته‌لمیدی ، شو آساسدا بزم صحنه ادبیاتیمز ده تام مللی معناسی وملی مضمونی اعتباری ایله انکشاف ایتمیدی . برطرفدن یور تیمزده یوکسه‌ك برادبیات بلم یورتلرینلڭ بولماسلیقی سببیله بز ده مخصوص صحنه ادبیاتی اهلیلری ونفیس صنعت اهلیلری یتشمیدی، فقط اورتا واورتا عالی مدرسه تحصیلی کورمش بر نیچه یاشلرمز غینه صحنه ادبیا تلرمزنلڭ بو دردیگه وقتلی بر درمان بولوش اوچون برنیچه اونلیغان چوك وکیچیك عشقی، سیاسی، وتشویقی، تربیه‌وی ، کامیدی .... اثرلر ایجاد ایتب صحنه مزنی تأمینله‌ب که لدی ، همده تورك دنیاسیدا الڭ مشهور عشقی منظومه اثر حسابلانغان « غریب سنم » ، «فر هاد شیرین» ، «طاهر زوهره» ، « بوز یگیت » یاش ادیبیمز احمدضیائی طرفیدن یازیلمش «رابعه

سعدین» ناملی اثرلر ..... وباشقالرصحنه مزنك طلبلرینی بر آز تأمینلەب کەلدی . لاکین بو البتە کا فی درجه ده ایمه سدور . دیمەك چینی تورکستان صحنه ادبیاتی بوگون تیخی اوز ینك بر نجی قدملریده یا شا مقده دور ، اونی یوکسه لتش ، عصری بر حالغا قویوش یاش یازغو چی ادیبلرمز ، ومحررلرمز ، شاعرلرمز، صنعت اهلیمز نلك الك بیوك برملی وظیفه سیدن ساناالور . موندن باشقا ینه بر مسئله نی ایتماق لازمکی : اویغور تورکلر یده فولکلور — خلق ادبیاتی میراثی شکلده فنگه اویغون برطرزده بوگونگه قدر دوام قلب کلمشدور ، بزم فولکلورمز ماضیده بز نلك گوزەل ادبیاتیمز نلك علاحده بر تاریخی باسقوچدا یاشا غانلیقینی ، ملتمز نلك هەم آیرم بر ادبیات صاحبی بر ملت ایکه نلیکینی کورسو توشکه کافیدور . منا بو خلق ادبیاتیده بز نلك صحنه ادبیاتی و اویونلرمزغا زور بر یاردم وخزینه اولدیلر .

## 2 _ بزده موسیقا

موسیقا - برروحی غداوور ، موسیقا انسانلرنی رو حلاندیروچی، شاد لاندیروچی ، موگلا ندیروچی، برمعنوی قورالدور . تورك ملتلری اوزی بر صنعت پرور ، موسیقا سویوچی ، برملت بولغا-



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

نلقدن اولر کوچمه حالتیدن اولتوراق حالتیگه ـ مدنی بر حیاتقا کیرش بلەن تا بوکونگه قدر موسیقاسیدن آیریلما مشدور . شو۔ جملیدن اویغور تورکلری بوگون موجود یعنی دوتار ، تامبور ، سەتەر ، رباب ، چاڭ ، قالون ، نەی ، داپ غیرجەك ، ناغرا ، اوزون سورنای ، سورنای ، دولان راوابی ، قوبوز ، تاش چه تدین کیرگەن موسیقالردن ماندالین ، کمان (سکەریفکا) گارموشکا، گیتار .... وباشقا لربولوب 20 دین زیاده موسیقا نلڭ صاحبیدورلر . اوموسیقالرنی بر لەشتورولوب چالغان وقتیدا اونلڭ موڭلی ، دردلی، شادلی ، هیجانلی نازیك ، گوزەل تاوشلری هرقانداق بر انسانغا تأثیر بەرمەی قالمایدو . بواورونغا كه لگەنده برمسئلەنی اعتراف ایتمەك لازمکی : بز نلڭ موسیقا کویلرمز تیخی برەرتە موسیقا اهلی، وعلم اهلی طرفیدن موسیقالرمز ، آهاڭلرمز ، عصری شکللده اشلنب قالبقا سالنمیدی ، حالاطبیعی حالنده دور . بونیسیده بز اوچون قمتلی. لیکن یز ده دور ترقیاتیغا ایرگیشب بارچه اشلرمزده دور قوغلیغا ندەك موسیقا بابیدا هم موسیقا وآهاڭیمز نلڭ ملی خصوصیتینی یوقاتماسلق شرطی دائره سیده بر انقلاب یاپما قیمز لازمدور ، بوده یاش موسیقا چیلرمز ، آهاڭچیلرمز نلڭ بیوك برملی وظیفه سیدور .

## 3 ـ بز ده غزل واصول

اویغور تورکلری نه تورکیه تورکلری ، نه ایدل اورال تورکلری ، نه اورتا آسیا تورکلری غه اوخشاما یدیغان آیرم بر آهاك صاحبی دور . مثلاً : تورکیه تورکلری نلك غزل شرقیلری بلەن قافقاس ، قریم ، آذربایجان ، تورکمنسان تورکلریده اورتاق بر آهاڭدا شلق بار ، شونگدەك قازاق تورکلری و قیرغیز تورکلریده بر آهاڭد شلق بار ، ایدل اورال تورکلر ینك اوز آلدیغا خاص بر آهاڭلری بار . اوزبك تورکلری هەم اوزلریگه مخصوص بر تورلی آهاڭگه ایگه ، شوقاتاردا اویغور تورکلری مو بر تورلی مستقل آهاڭغا ایگه دور . کوی ـ ماتیق یا غیدن اویغور تورکلر ینك غزللری یوقاریدا ناملری ساناـ لمش تورك زمره لر ینك غزللریدن فرقلیدور .

شونگدەك اویغور غزللرینی ماتیق یاغندن 3 گه بولوش ممکن . مثلاً : جنوبدا کاشغر ، یارکند ، خوتەندە بر تورلیرەك آهاڭدا غزل اوقولسا ، شمال وغرب شمال غولجا کبی یرلردە ینه بر تورلیرەك آهاڭدا غزل ایتیلیدو ، ایمدی شرقی بولوکیمز قومول وتورفان منطقه لریده ینه بر خیل ئه یتیلیدو . لاکین کوی ما-



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

تیف شیوەلر فرقی کبی فرقلرگە آیریلسە دە مضمون اعتباریلە بر بوتوندور . چونکی بز نلڭ غزللرمز اوزی خلق ادبیا تیدور . بزم خلق ادبیاتیمز نلڭ بر بدیعی نفیس وغریب جهتی دەوشوندە کی : منظومە لر نلڭ ماتیفکە وزن قافیە اعتباریلە ما سلیشیشیدور .

الڭ آخردا اویغورلر نلڭ آیاغ اویونی مسئلە سیگە کەلگەندە شونی ایتماق بولومنکی : بزم آیاغ اویونیمز توبەندکی خصوصیتکە ایگەدور :

A - جانلیدور . بونگدە بتون عشق محبت ، ویاشلقنلڭ هربر حرکتلرینی افادە لەش ممکندور .

B - ادبلیدور ، اخلاقیدور . بز نلڭ اوصولیمز دە دین وملی اخلاقیمزغا سیغما یدیغان بعضی حرکتلر یوقدور ، اونداق حرکتلردە بزم اصولیمزغا موافق کەلمەیدو . مثلا : ایر و عیاللرنلڭ آوروفا وآمریقا دانسلریدەلک صحنەدەلا اوپوشوش وبعضی شهوانی حسنی قوزغوتاجاق حرکتلر بزم اصولیمز دن یرا قدور .

C - عصریدور ، مدنیدور . بزم اوصولیمز هربرجهتچە آلغابا سقان بر اوصول بولوب هرقا نداق برملتنلڭ آیاغ اویونیدن قالشما یدور ، اونگدە یکە ، کوبلیشب ایر و عیاللر هرخیل گوزەل مدنی حرکتلر ایلەن تورلی - تورلی قیافتلردە اویونی تجسملە ندورەلەیدو .

قایسی نقطه دن بولموسون بز اویغور تورکلری اوزومز نلك ملی
موسیقامز ، آیاغ اویونیمز ، ایلەن افتخار قیلالایمز ، افتخارقلشقا
حقلیمز . بوسوز ماڭا اوخشاغان برەرته یاشلار نلك قوروق بر
سوزی بولماسدن تورك صنعتلری وتورك موسیقا سینك چن ما
هیتینی تونوغان هربر بی طرف منتقد لر نلك بەرگەن بهالریدور .

حاجی یعقوب یوسفی

استاد بسیم آتالای بك 1882 نجی یلی اوشاکده توغولدی ، داداسی تمورچی
محمد چاوشدور . کچیککلیکیده اوشاك رشدیه سنده اوقوب صوکره 5 یل قدر مد-
رسه ده قالمشدور . واستانبولغه کتب
اوکره تمەن اوقو- لینی بتدریرگەچ
قونیه طرابزون ، ماراش کبی یرلر
ده اوقوتوچیلق مدیرلق قلمشدور
مدافعه حرب دور- یده اوشاك مدافعهٔ
حقوقیدا چالیشمـ ش ، بیوك ملت
مجلیسینك برنجی دونومیدن 7 نجی
سنه سیگه قدر و کیللیك قلمشدور .
1932 نجی یلیدن باشلاب تورك تل
قورومیدا مرکز هیـ ئت اویەسی بولوب
چالیشماقدا . اڭ قمتلی 20 دین زیا
ده اثری باردور .



استاد بسیم آتالای بك

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# دوغوايلارنده يوكسەلن قردەش سسى

''چونكين اويغورگنجلرى،، طرفيدن نشرايديلمش ''يورت،، مجموعەسينڭ 9 نجى سانى قردەش توركيە گە بارغاچ اوندەكى تورك عالملرينڭ اينقسە تورك تلچيلرينڭ قردەشلرچە برحسن محبتينى قازانمشدور، بواورونداا ، استاد بسيم آتالاى بكنڭ يورت مجموعەسيدە مسعودافندم صبرى طرفندن يازيلمش « گورسس » سرلوحەلى برمقالەنى اوقوغاندن صوڭرە ''چينار آلتى،، ناملى بر مجموعە دە نشرايتكەن فكر وتأثيراتينى عيناً نشر ايتدوك ، گرچە وقتى اوزغان بولسەدە بز اوچون اونڭ قمتى همان ساقلانغان بوقمتلى فكرنى تل محبلرينڭ واورتاق برتورك تلى ياراتيش يولندە كورەشوچى تلچيلرمز نڭ كوزدن كيچيرشلرينى رجا ايتب

حاجى يعقوب

بسيم آتالاى

35 سنە اول بويوك برتورك اولكەچيسى «تورك اولوسلرينى بر بريندن آيريماق اوچون آرايە ئەنگەللر ، دووارلر گيريليور . ئەنگەللرنە قدر بيوك ، دووارلرنەقدر قالين اولور سە اولسون ، آرالرينە دووارچيكيلەن برباغچەنڭ آغاچلرى كبى تمليڭ آلتندن كوكلەر ، دووارنڭ اوستيدن داللرىينە بر- برلريلە قوچاقلاشيرلر» ديمشدى . اوەت ، بوگون توركلوك اولكەسى اولكەلرى آشاراق ئەنگەللرى

تیله‌ره‌ك بتون تورك ایللرینه روح كبی آیدینلا تماقدا وكوڭوللری
چوشتورما قده‌دور .

ملی‌تویغو نلك الك بیوك بیلیرتی دیلده در . بیوك بواولوسوك
اویماقلری وپارچه‌لری آراسینده كی‌سویله‌مه فرقی‌نه‌قدر چابوك قا-
لقاراق برلیككه دوغرو گیده‌رسه او، اولوسنلك هیچ‌اولمازسه ایچد
ین‌برلشمه سی قولایلاشمش دیمكدور .

ایكیسی برسویدن اولدیغی حالدا دیارنده‌كی اوفاق برسویله
یش آیریدیمندن دولایی بر برینك گیرتلیگینه ساریلان ملتلری هرگون
كوروب تورماقده‌یز . دیل‌برلیگی گوڭل برلیگی دیمكدور . سویله‌شمه
وآڭلاشمااوچون ایلك گیره‌كلی اولان‌شی دیلدر . دیللری حتی
دییه‌له‌كلری آیری اولان ملتلرآراسندا هیچ بر برلك‌دوشونولمه‌ز .
چونكی دیل دویغو نلك وسه‌وگینك آڭلاتیلما سینه الك‌باشلی بر
واسطه‌در .

براولوسنلك قوللری آراسینده‌كی دییه‌له‌ك فرقینی آرتدیریرسا
گز او اولوسنلك قوللری بر - برندن بسبتون آیریلمایه دوغروگیده
رلر . وبرگون آپ آیری بیره‌ر وارلق اولورلر .

بوحقیقتی بیقندن گوره‌ن بعضی تورك‌دیاچیلری، دیللریمزدیكی
یابانچی ایزلریك بسبتون سیلینمیسینه و تورك بویلری آراسینده‌كی

اوفاق دییەلەك فرقلرینك قالقماسینە جانلە باشلە چالیشماقدادیرلر .
بو تمیز چالیشما یاپیلیرکن دیلچیلر بر طاقم بەینسزلروسویسز لرطرفندن تورلی - تورلی سالدیرشلرە اوغرایورلر ؛ بوکبی شیلر اونلرك غیرەتلرینی آرتدیرماقدین باشقا شیئەیاراماقتادیر .

دیل اوزلەشمە اشینە دیل اوزاتان کیمسەلرگەچن عصردە آلمانلرك ، ماجارلرك ، فینلرك ، روسلریك نەلریاپدیقلرینی بلمیورلرمی ؟ بوگون ایران وافغان حکومتلرینك ، مصرعربلر ینك ملی دیل اشندە نەقدر تیزداوراند یقلری دن خبرلری یوقمی ؟

بزگوزلرینی وقولاقلرینی حقیقتە قارشی قاپاتمیش اولان بودو شیرمە اولادلریلە اوغراشمقدن ایسە کندی ایشیمیزە دوام ایتمەیی دها اویغون بولویوروز .

امفراطورلوق تورکیە سی یوزلرچە یل دوغوتورك عالمیلەایلغیسینی کسمیش ، باباغی ، سویونی خورگورەجك برحالغا گەلمشدی . تورکلیگیك دوغو و باتی قوللری آراسیندەکی باغلانتی بسبتون قیریلمشدی .

بزم حالا دوام ایدن قیدسزلیغیمیزە رغماً دوغو تورکلری آرادەکی ئەنگەللری قالدیرمایە چالیشماقدادیرلر . بزم اوفاق مللی بر قیمیر دانمامیز اونلردە بیوك بر حرکت اویاندیرماقدادیر . تورك دیل قورو

مینك اوزتورکچه دین‌چیقاردیغی برچوق کلمه‌لری حالابزم یازیچ یلریمز به‌گه‌نیب قوللانما دیقلری حالدا دوغوتورکلری بوکلمه‌لری همان آلاراق قوللانما قتادیرلر .

چین‌جمهوریتینینك مرکزی بولونان (چونکین) ده اویغور گنجلری طرفندن (یورت) آدینده آیلق برمجموعه چیقا ریلماقده دور . بومجموعه‌مزك ئه‌لیمیزه‌گیلان (9) نجی سایسینك 2 نجی صحیفه‌سنده (گورسس) باشلقلی‌بریازی واردیر . بویازیده‌دیل قور ومینك چیقارمش اولدیغی اوزتورکچه کلمه‌لر یر آلماقدادیر . بو قاچ یل ایچره‌سینده (تورکدیل قورومی) نلك اورتایه آتدیغی‌کلمه‌لر، بورادین اول دوغودا کوکله‌مش بولونیور . بوکلمه‌لرك او اوزاق قرده‌ش ایللرنده بیغینلمه‌سینه نه‌قدر سیوینیرسه‌ك بوراده توتولماسینه ئوده‌نغیلی آچینیرز .

تاغلر آشاراق ، ده‌ره لرگیچه‌ره‌ك بزه قدرگیلان بواوزقرده‌ش سسی بزی‌چو شورماقدا . بزم اوچون بیگی برایمان واولـکه قاینا غی‌اولماقدادیر .



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# گورس

کون اوچوق و بولوتسز بولغان چاغلرده هرکون دیگه‌نداک اوگله‌دن سوگره ساعت تورتلرده گزمگه چیقیمن . بواش ئارتوق ایشله‌نمس یک کرکلک ایشلر سراسینه کچدی ، چونکه ، کرک ایشلیه‌رك ، کرك ایشله‌مه‌یه‌رك ، بوتون کون اویده اوتورمق یالگز وقت اوزدرمق یک تسدر . بونی یاش و قری هرکیم بیلیر .

هرکون اوچوق یرلرده برایکی ساعت تمیز هوا ئالمق ، تمیز هوالی یرلرده یورمك ساغلق ایچین یک کرکدردیرلر . بو توغری برسوزدر . توغریلقغه هرکیم ایناسمشدر ، توغری بو بویله‌در . بونده سوزیوق . فقط منم سویله‌مك ایستگه‌نم باشقه‌در .

بو لندیغم بر ایگزوپست ، یوقاری و توبه‌ن ، اولوغ و اوشاق برمونچه تاپه و اوی چوقورلی یردر .

منده بونلرنلگ برندن بریگه کچر ، آتلار . کیمی چاغده دخی یوکسک تمیزچه بر توبه‌اوزرنده اوتوروب تینلارم . منه بو چاغده ساعت بشنی چا لار کسکین ، تیز یوروسلری ایشتیلر :

بوندن کین همان اوقولنك بوتون اوگرنمن و اوگرتمن و ایشچیلری ایله و برلك ده اوقولنگ دالاسیغه توپلانرلر بونلر چیریواری تورگون تزیلگه‌ندن کین قوماندانلگ بویروغی ایله‌بردن اولوس شرقیسینی اوقورلر .

بو شرقی تورلك دریلکلر تورلك توبەلرنی اوتوب کیمی چاغدە ئاقرینچە ئەسکەن سلکیملر ایلەدالغالانوب کیمی چاغدە باربولوب ، یوقاب کیمی چاغدە تیزلنوب ، کیمی چاغدە پستلنوب یعنی کیمی چاغدە اونلك کیمی چاغدەاونسز کوچسز بولوب ایرشکەنلکدن خوش و قزیق ایشتیلیر سوگرە بایراق ایندرمەیو سونی ایشلەنرمنی قزیقدرغان منی سویندروب تیرەن و چونقور توشونچەلرگە چومدرغان نرسە ینە باشقاچەدر :

اوچیوز کشی چاغلق بریغنتی یاغندن سویلەنگەن بو تورکی کمی چاغدە اوفاق برشمالنك ایزی ایلە یوقالور . مکا اریشەمز! ینە یکیدن ایشیتلمگە باشلار .

یالکز بونلرنلك ئاراسندە یوقالمغان چوقورلوق ایگیزلك سەلکیم و شمالغە بویسونمغان گور، یالگز اونلك برسس باردر. او هرچاغ بارلغینی ، اونی نلك کوچینی ساقلار . ایشیتیلیر تورور .

من بونك نەچاغلق اوزاقغە ییتکەنینی نەچاغلق بوشلقلر توشقوزغانینی سینامق ایچین اوزاقلرغە باریمن فقط هاروب دها اوزاقغە کیتەلمەیمن ! منەبو چاغدەبایراقدە توشورلگەن اولوس شرقیسی دە توگوگەن بولور .

بوسینام و دنەمی ایکنچی چاغدە قالدروب ، ایکنچی کون ینە



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بر توپە ئاشوب برر چاقریم ئالیسغە باریمن . کیمی چاغدە بویرگە بو
روسسی دە یتیشمز درەکسز تورغان بولیمن بردن تویوقسیز بیاقی
گورسس کوك گورلگەندك گورلدب کیلر ایشتیلر قولاقلرینی تیکوب
ئالدانیمەممو ؟ دیب چوقور اویقودن اویغانغان کشیدك چوچوب
اویغانوب کوزلرمنی اوگولاب سوگرە ایشەنیمن کە ئالداغان دە
ئالدانغان دەیوق ! ینەبیاغی من ئالیشیق گورسس . امان تەگریم
بو نیمەدر؟ دیەتیرن تیرن اوزن اوزن توشونمگە اویلانمغە باشلایمن
بوندەکیزلنگەن یاشیرین تورومل‌رنی بیلمگە یەلتەنیمن بیلەلمزدن ئا-
غیزی بوغولغان ئاغریوك ئالتندە هارسیراغان اوکوزدك پوشولداب
قاییتیمن ....

بو سس کیمنڭ ایکەننی و بوسسنڭ ایگیسنی هم بلیمن، یاخشی
تونومن یالگزمن: بیلمگەن برنرسەکە، او دخی؛ بوسسدەکی بارلق
بوسسدکی کوچ و بوسسدکی بولورمدر . منەمن بونلرنی ، بونلرنڭ
تورومل‌رینی بیلمەی ، بیلەلمزدن ئابدرایمن .

ایمدی، اوقوچیلریمز بونی اوکرنمك استەرلر بو؛ ,,کیمنڭ سسی،،
دیرلر. بو سلچوقنڭ سسیدر. بوسسنی چیقارغان سلچوق ئادلق بر تورك
یورتی یگیتیدر. بو ییگت موندااق اورنەکسز گوربرسسکە ایگی بولغا
ندك کلیشکەن تنی تنی‌نڭ سینچە اویغون و توز کینلگی ایلە بوتون

يولداشلريدن كوركەمدر ئايريدر .

بريردە توروركن هركشيدن ايگزلگى ايلەسچيلير . اويلەتو-
رور. نتيجە دە گوزلدر . توسچە ، جوسونچە قسقەسى ، سينچە
بولغان ئايريملغى ايلە ايلى نلڭ ، اولوسى نلڭ اوز اوغلى ايكەننى
كورسيتر .

كشينڭ ,,عجبايدى بو چاقە اونسالغان دونومدە نيچە يوز
يللرچە اونەملى ئادينى يشاتقان سلچوقنڭ بر ايكينچى اشميدر ؟
ديەجگى كلير —— .

ئەوت! سلچوق ، قيليچيلە ، باترلغى ايلەتوركيليني يورتدن يور
تقە ، ايلدن ايلغە ، دوغودن باتيغە كونگەيدن تسكەيگە كوتوردى.
اوزچاغندە اويغور اولكەلريگە يارارلقلر كوستردى....ايمدى ، كو
گل، تيلەيدركە: اونڭ او غوللرى ، گورسسلى سلچوقاردخى بوچا
غنڭ سايمان و ياراقلرى ، بيليم و ئاگلرى ايلەقوشانوب ، تور كلي
گى ، اويغورلغى يشاتسون، ايدى بوچاقنى تاگقاتدروب يگى يگى
يارلقلركورستسون ايدى....موشونداغ سويوندەكى ، او روغندەكى
بولرملرويارارلقلر ايلەيدى بوچاققە اون واريك بيرسون ايدى .

15. 6. 40.          چوگچين



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

# حکایه و رومان

## صوکفی بر دەرس

### داودەت

Alphonse Daudet



فرانسوز ( 1840 - 1897 )
رومانچیلریدن بولوپ فقیر
بر عائلەدە دنیاغا کلمشدور،
حیاتی بلک قسینچیلقدە او-
توپ 18 یاشندە ایکەن
آغاسی بلەن برگە پاریسقە
کلمش، اوندە ادبیات بلەن
مشغول بولمش .

وە 1866 نجی یللردین باشلاپ رسمی ادبی حیاتقا کیرمشدور، یازمالری کوندین - کونگە کوپەیمش ، بارغانسیری داودەت ادبی پارچەلری خلق طرفیدین سوویلە - سوویلە او قولمش .

مشار الیه نلڭ بر نچه قسقه اثرلری ,,جهان قسقه روماذلری سایلامی“ اچیگه سایلاب آلنمش . توبنده شونگدین برنی ترجمه ایتب او قورلرمزغا تقدیم قلندی . انشاء الله موندین صوڭ مجموعه‌مز هرسانیدا غرب ادبیاتی اوچون مخصوص صحیفه آچاجقدور .

* * *

بوبرکونی ایرتیگه نده مینڭ درسکه بارش و قتیم کیچیککه نلکدن افندم سوکه‌ر میکین دیگه‌ن وحشت ایله‌ن یوریکیم پوکو-لدارایدی ، اونڭ اوستیگه کیچه هانمیر افندم بوکون بزدین ادبیات درسیدین امتحان آلیمه‌ن ده‌ب تاپشورو قده به‌رگه‌ن ایدی. لاکین مه‌ن بر حرفده ایسیمگه آلمیغا نه‌ه‌ن . بوبیرینی اویلوغا ندا به‌کمو قورقارایدم . شونڭ اوچون شیطانم بوگه‌ن مکتبکه بارما ! برکون اوینا ! قارا ! بوگون هاوا نه‌دیگه‌ن یاخشی ، او درختلرده قوش جانیوارلر سایراشما قدا ، که‌ڭ دالادا شرقی پروس اوردولری حربی مانیویرا یاپما قدا ! ده‌ب مینی آزدیرار ایدی ، مه‌ن بونرسیلرنی کوروش بیله‌ن ادبیات درسلرمنی بتونله‌ی میه‌مدن یوقاتدم ، لیکن مه‌ن کچیک یوره‌ك وقورقاق بولغا نلیقیمدن کون بویی مکتبکه بارما سلققا جرأت قیلا لمیدم ، ومکتبکه بارماق بولدوم .



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

مەن بلديه باقا نلغينلڭ آلديغا كه لگينمده برتوپ آده ملرنلڭ تامديكى اعلاننى اوقوب آتقانليغينى كوردوم ، لاكين نيميد يندور ، بو ايكى يلدن بيرى ناچار خبرلر —— مغلوبيت ، تولەڭگه اوخشاش شوم خبرلر دائما شو تامدين آلينار ايدى . بوكونده ينه شو نداق برمشئوم خبردور ، دەب كوڭلوم ئونوماى آڭلا شقيلى بارماسدينلا برنفس بيلەن هانمير افندمز نلڭ مكتبيگه يەتب كەلدم .

عاده تديكى كونلرده درس باشلا نغان زمان تاراق-توروق آوازلر ، تارتمالرنى آچيش ويافيش آوازلرى ، افندمز نلڭ قوليديكى تومور جدول نلڭ وهرخيل تاوشلرنى كوچادين توروب هم اشتەكيلى بولار ايدى . مەن آنه شو تاوشلر وقالايميقا نچيلق فرصتيدين فائده لنب اورنومغا شاقيدا اولتوروب آلارمەن دەب اويلوغان ايدم ، كيم بلسون بوگون اش بتونلەى عاده تديكينلڭ عكسى . برمو تاوش يوق ، جيم جيتلق صنفده حكم سورەر ايدى . دەريزه دين ارقدا شلرمنلڭ بتونلەى ترتيبليك حالدا اوز اورونلريدا اولتورغا نليقينى وهانمير افند منلڭ قوليدا تومور جدول اوياقدين ـ بوياققا نيمينيدو ، اويلاب ماڭيب يورگه نليـكينى كوردوم ، مەن چاره سزبولوب آخرى ناعلاج باشيمنى اچيمگه

تیقیپ اوسوبلا مکتپکه کیردم ، یاخشی معلم افندم برنرسه دیمیدی
ده فقط اوغلوم ! تیز اولتور ! حاضیر درس باشلا یمز دیدی ،
مەن خداغا شکر یاخشی برنرسه دیمیدی دەپ برسه کرەپ اورنومغا
اوتدیمده تیز لیکده اولتوردوم ، لاکین یوریکیم همان پوکولدار
ایدی . اورنومغا اوبدان اورونلو شوپ بولغاچ افندمزگه قاراسام
افندمز بوگون قارامتول کوك رەڭلی بر فراك ، باشیغا کچیکرەك
بر شیله پەکەیمش ، افندمز بوکییمنی آسانلقچه کەیمەس ایدی ،
عادەتده سلاملاق مکافات مراسملریده کییەر ایدیلر . الك غریبی
ده شو ندەکی بوگون بتون مکتپده تنجلق حکم سورەر ، وآخرقی
بر نیچه قاتار اورونده قلرگه کشیلر تولغان ایدی . بوطرفده سابق
حاکم وپوچتا ایداره سی باشلقی ، ینه برطرفده بابای چیسون
اولتورار ایدی ، بولار دین باشقه مەن تونوما یدیغان برقانچه
کشیلرده بار ایدی . بولەرنمه اوچون کلدی ؟ بیلەلمیدم . چیسون
بابای بردانه باشلا نغوچ مکتب غرامری که لتورگەن ، اونی او-
روندوق اوستیگه قویغان ، اوزینك کوزلیکینی کتابی اوستیگه
قویغان ، وایکی کوزینی یوغان آچیپ افندمزگه قاراپ اولتورار
ایدی . نیمید یندور بولارنك هەمەسیده غضبله نگەن حال وکو
کلیده برتورلی ناراضیلق علامتی کورونەر ایدی . بو وقتدا افندم



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اورنیدا اولتوردی . آستا - آستا سالما قاق باەن سوزگە باشلیدی!
« اوغوللرم ! بومینك صوڭقی درسیمدور ! کیچە برلین ——
پروسیە مرکز یدین کەلمش بویروقدا ایلزاس ، لاتارینگیە ایکی
ولایت پروسیە قارماغیگە آلیندی ، موندن صوڭ بو ایکی ولایتدە
فرانسوز تلی او قوتولمو سون ، اونڭ اورنیغا آلمان تلی اوقو
تولسون . » دیلگەن ، سزلرنڭ آلمان معلمیڭزلر ایرتە کیلەجك ،
بوگون سزلرنڭ الڭ صوڭقی برفرانسوزچە درسلرڭز ، دور ، دیدی .
افندمز نڭ بوسوزی قولاقیمغا کیرگەن همان ماڭا عجایب
بر تأثیرقلدی ، بووقتدا مەن بایا بلدیە نظارتینڭ تامیغا چاپلانمش
اعلاننڭ نمە ایکە نلیکینی بلدم . بورون مینڭ اوچون سەت کو-
رونگەن تل ، تاریخ درسی بوگون منم الڭ سویوملی بولدوشومغا
آیلا ندی ، کویوملی هانمیر افندمز دە کەتمە کچی ، بونڭغا مەن
فقط چیدا آلمیدم . اونڭ بورونقی تومورکبی سورلی یوزلری ،
پارقیراب تورغان تومور جدوللرینی بتونلەی اونوتقان کبی‌من ،
نمە دیندور ، ییغی باسیب بولماس ایدی ، دیمك افندمز بوگون
صوڭقی بردرس بولغا نلقی اوچون فراکینی کەیگەن ایکەن ،
آرقادیکی بوش اوستە لگە تولغان کشیلرمو مەن کبی افندمز نڭ
کتشی اوچون مأیوس ایکەن . اولارنڭ حرکتلریدن ، نفسلریدن

بورون نمه اوچون فرانسوزچه نی یاخشی اوگره نمیدوك ؟ نمه اوچون
فرانسوزچه کتابلرنی کوبره‌ك کورمیدوك ؟ دیگه‌ن علامتلر بلنب
تورار ایدی . «اسیت ! .. تأسف ! .... خیر .... !» دیيشه‌ر ایدیلر .
منده خیالغا چوممگه‌ن ایکه‌نمه‌ن . تومساتدین مینك اسمیم افندم
طرفیدن چاقیرلدیده مندین فعلنك تصریفی سورالدی ، اوزنومه‌د-
ین توروب به‌رگه‌ن برنجی جوابمدیلا خطا کتدم ، خجالت بولغا
نمدن یه‌رگه قاراب ، قولوم بله‌ن اوستەل تاتیلاب ، باشیمنی توبه‌ن
سالیب تورماقدن باشقا چاره‌م قالمیدی . وه افندمنك : « اوغلوم !
سه‌ندین کورمه‌یمه‌ن ، اوزه‌نگگه قلدیك ! هرکونی اوزلریگز اوز-
لریگزلرنی آلدیدیگزلر ! اوقوش وقتی تیخی کوب ! ایرته اوقوساق
بولمامدو ؟ ده‌ب اویلا دیگزلر ! ایمدی بوگونچو ؟! اوزلریگز
اویلا گلر ! سزلر برفرانسوز توروب فرانسوز تلینی ویازیقینی بلمه
مسزلر ؟! » .... افندم بویرگه یه‌تکه‌نده بك مأیوسانه برحالدا
اوغوللرم بزنك تلیمز بك گوزه‌ل تل بولوب دونیا بویونچه الڭ
فصاحتلی اوقوملی ، قاعده‌لی برلسا ندور . بونگچون فرانسوزچه
مزنی محافظه ایتمیکیمز لازم . هر امور ده اونی اونوتماسلیقیمز
کیره‌کدور . او ، ینه : بز حاضر کشیلر طرفیدن قول قلندوق .
اگر بزآناتلیمزنی ، اونوتمیساق قایتا اورنیمزدن توروش



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کونیگه ایگه‌بولالایمز . » ـ ـ ـ ـ دیدیده سوزینی تماملیدی .

غریبی شونده‌کی کتابمنی شونداق آچسام ده‌ل بوگونکی درس صحیفه‌سی آچیلغان ، نمه‌بولدومکی تاڭ بوگون بك زرکی بولغانلیقمنی حس قلدم ، افندمنڭ هربرسوزلرینی توشه‌ندم افندمز بوگون بك نازك ومیتودلی برتوشندوروشی ایاه اوزینڭ عمریده‌کی بارچه بیلمینی بزگه برگه‌ن کبی بولدی . غرامرسوزلونوب بتدی . آرقاسیدینلا املا درسی بولدی . بوگون املادفترمز ده یکیلاندی ، افندمز بوگون بك یاخشی حسن خط بله‌ن «فرانسه» «ایلزاس» «فرانسه ایلزاس» دیگه‌ن تورت سوزیازدیلر ، اونی اوسته‌لگه قویدیلر ، بوتورت سوز فقط برکیچیك بایراق کبی کورونه‌ر ایدی . صنفد اشلرمده بك کوکول قویغان حالداحسن خطیازماقدا . هیچ برتاوش یوق . فقط قلم نڭ شیرت‌ـشیرت اوازلرینینه آڭلینار ایدی . من برطرفدن خط یازیشیم ایله‌ن بر طرفدن افندمگه قارارایدم . افندم اولتورغان یریده میدیرلیماسدن ایکی کوزی، ایله هرطرفلرکه اغیر نفس آلیب باقماقدا ایدی ، بونگدن من بك متأثربولما قده ایدم . چونکی افندمزبویرده 40 یل عمراوتکه‌زگه‌ن . اومکتبنڭ تاشیدیلا اولتوروشلوق ایدی ، صنفدیکی اوروندوق ، شیره‌لرنڭ همه‌سی قریق یللق کهنه جهازلر ایدی. اونڭ اوزقولیده تیکیلمش

شافتول ده رختلریده چوكَايغان ايدى . دەريزه تاشيديكى
هەشكه پيچەك اوگزەگە قدريارما شيب كەتكەن ايدى ، منابوقدرزما-
نى بويرده اوتكەزگەن بركشى ايرته بويردن آيريلش آلديدا
ايديلر ، من ينه اوگزيده تيميديندور برحركت واوازلرنى اشتەر
ايدم بواواز افندمز همشيره سبينك صاندوق وچاميدانلرغه نەرسه
قاچيلاواتقان اوازلرى ايدى . بووقتدا مەن افندمز اوچون قينالما-
قده . اختيارسز كوزوم . ياشلا نماقدا ايدى . افندمز ترتيب بلەن
بركونلوك درسلرينى تماملايدى ، خطلر يازيليب بولدى . ينەبر درس
تاريخ اوقوتولدى ، تاريخده توگەدى ، برنيچه كچيك ساباقداشلر
آلفابه اوقو ماقده وآرقيدا اولتورغان چيسون باباى كوزليكينى
تاقيغان حالدا باليلرگه ارگيشب د . ب . پ . د . ن ، دەب اوقو ماقدا
ايدى ، بوتاوشلر قزيق ايدى ، شونگچون برطرفدن كولگيم كلسه
برطرفدن يغليغوم ده كيلەر ايدى . بوصوگقى بر درسنى بزهرگز
اونوتا آلماس ايدوق ، اوشتومتوتلا دروازەديكى ساعت 12
نى سوقديلر ، يراق دين كارناى اوازى آڭلانيب وشرق پروس
عسكرلرى آز اوتمەسدن مكتبمز نلك ايشيكى آلديدن اوتدى
هانميرافندم اورنيدن توردى چيرايينك رگگيده بوزولدى ، آغزينى
اچيب : « يولداشلر ـ ـ ـ ـ ـ من ـ ـ ـ ـ ـ من ـ ـ ـ ـ ـ » دەب



ئەۋلاد گۈزۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

سوزینی د وام قیلالمیدی و برتال بورالیب قاراتا ختاغه کوب کوچ صرف ایتش بلەن « یاشاسون فرانسه ! » دیگەن جملەنی یازدیده یرگه قاراب قولینی قاقدی ، بزگه تارقاگلر دیگه ندەك قلدی ! . “

# شعرلر

## نوایی دین پارچەلر

### فرهاد وشیرین قسمی

فرهادنك توغولوشی ، اسملنشی ، تحصیل دوری وتوصیفی

بوزیبابزم نلك الحان نمایی
بویه گلیغ بولدی سوزداستان سرایی

کەچون خاقانغا بردی تگری فرذند
بولوب اول هدیه برله شاخرسند

جمالی برله کوڭلین ایلابان خوش
آتین قویماق ساری بولدی رقم بش

جمالیدین کورونگەچ فره شاهی
بویردین یارودی ماهی تاباهی

قونوب یوزهمت اقبال دولت
همول فرزادەسیدین تاپدی زینت



بو جو هرلرگه‌جون استاد تاپدی
مرکب ایلا گاچ فرهاد تاپدی

بوفرنی هادئی بخت ایتکاچ ارشاد
روان شهزاده گه آت قویدی فرهاد

حریرحله ایچره باغلاغان جست
مرصع‌مهد ایچیده تاکدیلر رست



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بونوع ایرمس آدا آنك آتین
کەکورگاچ عشق آنك پاکیزه آتین

آ کا فرذانه فرهاداسم قویدی
حروف مأخذین بش قسم قویدی

فراق رشك هجره آه ایله درد
برارحرف ابتدا دین ایلابان فرد

بارین استاد عشق ایتکاچ مرکب
ترکب هین بواسم بولدی مرکب

ملالت مهدیدازاراتی آنی
بوقیدا یچره گرفتار ایتدی آنی

مع القصه جو تابدی مهدمسکن
قفس دولت همای‌غەنشیمن

عروسی چرخ تون کون دایەکردار
بولوب فرهادحالیدین خبردار

پشلك دوریده چینی وختایی
بولوب یوزنوش ایله داستان سرایی

کوزی بارینك ایلدین ایتب اویقو
آکا اویقو کوتورمك کا نوا کو

کورونمەی اوزگە یاشلارنلك صفاتی
کوزیگە بولمای اویقو التفاتی

سوتیکیم ساغیبان آغزیغە دایە
کەجسم آندین اولغای قوت پایە

آکا ایچمك اولور ناکام یەگلیغ
مریض شیوە بادام یەگلیغ

نی قطرە سوایچیرگەچ دانەعشق
بولوب بر گوهری سرمایە عشق

تافیب هرقطرە بردردین نشانی
ولیکن پارچەسی در معانی

ایچەر داموردین اوکسوك غذاسی
تاپیب قوت آنچەکیم ارسلان بلاسی

روکیم عشق دین بولغای آکا قوت
سوایچسە زربولورقان ایچسە یاقوت



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

بویه‌گلیغ جون سیریلدی باشی آنڭ
شرف دریغه یه‌تدی یاشی آنڭ

قدم اوردی وترك مهد قلدی
قوفوب ایمگه‌ك یورورگه جهد قلدی

بواوچ یاشیغه‌جکتی دور افلاك
تکلم قلدی آنداغکه درپاك

سوزی باری بولوب افسانه عشق
مقام مسکین کا شانه عشق

عجبدور اوچ یاشی داکوزگه اطفال
کوزگه اطفال نچوککیم اون یاشیدا

قالیب بواشده ایل حیرانی آنڭ
سپهرومهرسر گردانی آنڭ

آتابونوع کورگه‌ج اش حسابین
مناسب اکلادی علم اکتسابین

کتوردیلر حکیم نکته دانی
بیلیك برله جهان ایچره جهانی

فلك مشكللری حل فكرتيدن
فلك كامشكل انك دقتيدين

قوياش يه‌كليغ ياروق رايتی منبری
ولی آندين ياروق مافی الضميری

قوياش علميكه يوق آندين نهانراق
آنك قاشيدا يوق آندين عيانراق

سوروب هيهات ساری جون فكرتی رخش
سپهراجراسين ايلاب جوبجو بخش

وكرحكمت دارابی جسم ايتب قسم
كوزيكه نكته‌موهوم اولوغ جسم

طبيعی ورياضی والهی
الف بی تی والله كماهی

بولوب يونانده حكمت كردی آنك
آرسطو بركچيك شاگردی آنك

ياروتغاچ بزمينی دانای عالم
تيليب شهزاده نی دارای عالم



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

قیلب تعلیمیغه بونوع تأکید
فلك الندا منزل توتتی خورشید

الف بی دیگەی اوستادابتدا دین
الفی الدی الم دین بی بلا دین

هەم اول کونده ساروی سروحد
آتاغه هدیه تعلیم ابجد

اوچونجی کون روان بولدی سوادی
بوورونقی یلدا قرآن یاد بولدی

اگر برقاتلا کوردی بر سبقنی
ینه آچماق یوق ایردی اول ورقنی

نی سوز نیکیم اوقوب کوڭلیگه یازب
دیمه کوڭلی گاجان لوحیغه یازیب

اوقوب اوتمەك اوقوب اوتماك شعاری
قالیب باریده صفحه صفحه باری

قالیب جون عشق عاشق دین مقالین
تاپیب آشفته کوڭلینی محزون حالین

آنلك شرحینی تکرا رایلابان کوب
اوقور دا ناله زارایلا بان کوب

بولوب عاشق غمی شرحیده غمناك
یقاچاکین اوقوب ایله‌ب یقاچاك

کیم‌ایتسه دردیدن آزراق روایت
قیلب اول دردآنگا کوبره‌ك سرایت

کشی کوڭلین بیلب افکاریغلاب
نی‌کوزی کا اشك کورگاچ یغلاب

حکیم اول اشدا قالیب لال هردم
قیلب آندن یوزاستدلال هردم

آتاغه که بولوب قالیب تحیر
اتانی کا ایتب عاجز تفکر

بوده‌ب اطفال‌غه‌بونوع اولور حال
اول ایتوریوقتورور مو اوزگه اطفال

قیلب هربر آنی بونوع تعبیر
بری بلمه‌س نی‌نوع ایرکان نی تقدیر



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولليازمىلار ئامبىرى

ایشی بویه کلیغ ایردی خلق آرافاش
که تا عمریدن اوتدی آنك اون یاش

جهاند قالمیدی اول یتمیگه‌ن علم
یتب تحقیقینی کسب ایتمیگه‌ن علم

بولوب اون یاشقه عمرینك مروری
یگرمه یاشقه‌چه دور جسم دوری

علوم اوراقی جون بر بریایلدی
دلاورلق صلا حین میل قلدی

جواز فرصت آکامیل ایتدی ظاهر
قایو برمیل قلغاچ بولدی ماهر

الیب قوس قذح جکماك کا قلاب
توروب مشرققه آتیب مغربغه هرتاب

قراتون گرنشان ایلاب سهانی
فلك جه‌ناوکیغه اول نشانی

دیبان ترك فلك اتفاندازه لار
توهم تاریدن آچیب کره لار

بوكسوت دين قيلب درز آشكارا
نى برتاغيكه كسوت قلدى خارا

قيليچى ضربه‌سى الندا برحرز
شكاف آنداغكه سودين پروازدرز

اويورگاچ نيزه سين دورى فلك وار
بولوب قالغان اوزيگه چرخ دوار

توبى ميخى بلەن ساليب سمكنى
تيليب نوكى بله دورى فلك نى

جوميدان عزميغه ساليب تكاور
يوروغلوق باختردين تاباخاور

اوتوب كوك باده پايى دين سمندى
توشوب بهرام بوينيغه كمندى

يتى كردونگه آفت ششپر بدن
بولوب سوحوت باغرى خنجريدن

اسدبوينين اوزوب سرپنجه برله
زبونى براسد برپنچه برله



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

قیلب رویٖن‌تن اوزایلکینی رنجه
توتوب جون پنجه‌سی اندازه‌پنجه

هم اول علم بلند آوازبرله
بویه کلیغ روزبی اندازه برله

اوزین ابجد اوقور ایلدین توتوب کیم
دیمادانش‌که‌زوردست ایله هه‌م

بولوب شاه‌لار اشیکینینک گدا یی
ولیکن اول گدالر خاکپاهی

آ گاته‌ک پادشاه‌لق یا گداه‌لق
گدالققه ته‌ک ایتمه‌ی پادشا لق

دیمانکیم کوکلی پاک هه‌م کوزی پاک
تیلی پاک کوزی پاک ، اوزی پاک

مونگده‌ک طینت پاکیغه لایق
دعاسی ایتیبان پاک خلایق

انینگ ساری ساوغ یل ایتدی ناگاه
چیکیب جون ملکی نینگ خلقی ساوغ آه

قيلب ايل خانمان آنك فداسى
نى خان مانكەجان آنك فداسى

آتايوزلەنموسون دەب دەرد رنجى
ايتب هركون باشيغه صدقه كنجى

ولى برذره درداولغاچ پديدار
بولوب اول كنج لاربرله خريدار

ايساردرد آنچه كيم باشينى آنك
كه تا اون تورت بولدى ياشى آنك

كيتورساقى شراب دردپرورد
كەبولدى كوكلومز پرورده درد

باشيمغه دردچكمه سدين بورون تيغ
بودم بزم نشاطى ايلا كيل تيغ



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# جیاڭ جوشیغا مدحیه

بومدحیه شکجاڭ یاش صنعتچیلر اومه‌کینڭ داخلنی زیارتلری مناسبتیله یاش شاعریمز اوتکور افندی طرفیدن دولت باشقانیمز جیاڭ گه‌یشی جنابلریغه باغیشلنب یازیلمشدور .



قدردان داهیمز احترام سزگه
تیانشان باغریدن کوب سلام سزگه
تاریمنڭ گوللری سزگه تشنادور
4 ملیون جان بوگون سزگه آشنادور

یاب یاشیل ایتزداکه‌تمه‌ن آوازی
چالینور هرتاگدا سه‌وگینڭ سازی
دهقانڭ اونجیده‌ك ئه‌مگه‌ك تیریدن
لاله‌لر اونمکده کوبدن بیریدن

بلبلرسایراشیب بوستاندا کولسه
دیمه‌کچی دا هیمز بزگیمو که‌لسه
شو آرضو ، شوتیله‌ك ساوغامز سزگه
ناله‌مز ، زاریمز ، قایغومزسزگه

کوپ يللق تاريخنك ظلم قامچاسی
بزلرنی عذا بلاب مانجو غالچاسی
انسانلق اچيده بی بيان قالدوق
اورتاچاغ حاليغا باريب تاقالدوق
شولايوق ياك جك نك قارايوزليكی
جهالت كانی بولدی تاريم توزليكی

شك شی سەی ظلمينك قانلق ايزيدن
قان آقدی تاريمنك سوزوك سوييدن
اصليمز نسليمز بی بيان قالدی
بوا لنك كوكليده كوپ ارمان قالدی

نەعرفان نەحكمت اثری بولسون
نەحرلك ، نەحقنك ايزلری قالسون
همەجان كلفتدە آه فغان ايلەر
شو يوسون اوتديلر كوپ اغيريللر
اوتمشدن شكايت حقليدور بزگە
عرضيمز ، نالەمز ، داديمز سزگە

مملكت باغينك بوگوزەل جايی
ظلمنك اورداسی آتالدی نامی



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

شوكلا شقا كوپەيدى قاششاقلق يورتدا
اولوسنك بليمى قالديلر آرتدا
تامردا قايناغان اسيق قانيمز
قينالدى هميشه عزيز جانيمز

هر تالانت اقتدار بوشقا خورلاندى
معصومه قلبيمز غمگه اورالدى

گرچه بزتونلەر دين قوتولساقمو آه
وليكن سزدن تيلەيمز پناه
ايتزدا ييغيدين قوتولسون كەتمەن
انسا نى حق كورسون بيچاره چه كمەن
گولله نورمعارف آچيلسا عرفان
بوالوغ دولتمو تاپور كوب عيان

بزلرمو اوچايلى آسمان قوينيدا
وظيفه اوتەرمز وطن يوليدا
بيلەمز نانكين نلك آفتاب طلعتى
او ، ايدى سزديكى اخلاق خصلتى
سزبلەن يوروسون محنت تاكيمز
سزبلەن گوللەنسون بوستان باغيمز

تیله کچان خلقیمنك عرض حالی سزگه
استه‌کی آرمانی سلامی سزگه

احترام سزگه کوب سلام سزگه
احترام تاریخلار کوب اکرام سزگه

## مینك تلیم

مینك تلیم گول تلی ،
گوللوکده بلبل تلی ،
تورکچه بر کوڭل تلی ،
اونی جاندین سیوه‌ریم .

تورك سویله‌ریه‌ر جانلانیر ،
کوڭل هیجا نلا نیر ،
کوزلرده مارجا نلا نیر ،
او ، عشق تلیدر دیرم .

تللر نك اوزی تورکچه‌م
ته‌ڭرینك کوزی تورکچه‌م
روحیمنك کوزی تورکچه‌م
آقار تا اچیمزگه



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

اوغيگشار مەن آغلارم ،
يوره گيمەنى دا غلارم ،
ياش قاراسى با غلارم ،
اونى ياشلى كوردكچە .

اوكولەر مەن كولەرم
كوز ياشيمى سيلەرم
تا ايچيمدن تيلەرم
يوكسەلسن گوزەل توركچە

توركچە بويله بر تلكى ،
نە بارسە بيگى امكى ،
اچندە ياشار بلكى ،
اونگله اوگو نيرم

تل دە بلا گەچمە اوگا
اونى سوى يانا يانا
بەرمەزسە برذوق ساگا
يازيم ! دەر دوگونيرم

دونەقدر يەتميدى
اونى قوتقازغان كيمدى ؟
بردين تريلدى ايمدى ،
اتاتوركنك نفسيله .

اوگا اشسز برسەوگى
يوقتور دونيادا تەگى
اوگادور قوياش رەگى
او ، سوزلەر تورك سە سيله .

( كاظم نامى )



امفراطور جهانگير آت اويونيدا



اوقوواتقان بركنج

XVII - عصر تورك مينياتورلريدن



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# شانلى قرآن

شانلى قرآن كانى عرفان  اوقو ! آڭلا ! بلده يور !
غيره تليلر قهرما نلر  اوقوش حقنىڭ امريدور ٠

علم اوقو يمز شان آلورمز
ياشلق اوقوش دوريدور ٠

عزتى هرايكى جهان  علم عمل بلله بولور
نادانلق جانغا زياندور  خارلق زارلقلركه لتورور

علم اوقويمز شان آلورمز
ياشلق اوقوش دوريدور

بوشاڭلانماس تالماس پهلوان  كوندين - كونگه‌غيرتلنور
آلغا قاراب ده پسه‌يورمز  اوڭلر سوللر مانعدور

علم اوقويمز شان آلورمز
ياشلق اوقوش دوريدور

استاد مرحوم صوفيزاده 1934 نجى يل آقسو

# محبت وحیات

## قزلرنی اوقیتیلیمو ، اوقیتمیلیمو ؟

آمریقانڭ بالتیمور شهرنده قزلرگه مخصوص قورولمش بالتیمور دارالفنوننده اخیراً بك شایان دقت برمسئله رسماً مناقشه ایدلمشدور . ارککلر اویله نمه‌سدین اول ، قزلرنی اوقوشی لازمموه لازمسزمو ؟ دارالفنو ننك ادبیات صنفی بوموضوع اوستیده بر مناقشه ترتیب ایتمشدور . دارالفنو ننك هیئت تعلیمیه‌سی ، حکم وضیعیتنده بوغریب مناقشه‌نی آڭلا مشدور ، نه‌تیجه ده اوقوشنڭ لزومسزلغینی مدافعه ایتکه‌ن قزنڭ دعواسینی دها اوبدان مدافعه ایتکه نیکیگه حکم ایتمشلردور . شایان دقتدرکه بوحکم اوقوشنڭ لزومسزلغی حقنده امه‌سدور . لزومسزلق دعواسی لزوم دعواسندن دها اوبدان مدافعه ایتیلگه نلیکی حقنده دور . اوقوشنڭ لهنده وعلیهنده سوزله‌نگه‌ن سوزلرنی خلاصه ایتمکنی لزوملی کوردوك .



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

# اوپوش نيچون لزوملىدور ؟



(اوپوش لهنده بولغان ميس پەيكەر)



(اوپوش عليهنده بولغان ميس يەك)

« اوپوش لزوملیدور . زیراهرکشی اوپولوپ سویلمکدن خوشلانیر ، حیات خافاچیلقلر ایله‌ن تولغاندور ، اوپوش بوخافالقلرنی ینیکلیتیدو . اوپوش برارککنک خاتون حقنده کی محبتیگه دلالت ایده‌ر . بالالر بیوکلری طرفیدن اوپولور ، حیوانلارمو هه‌م اوقشانمقدن خوشلا نیرلر .

سومك ، اوپمك ، اوقشامق حضرت آدم ایله حوا آراسندا باشلا نمشدور . اوزما ندن بیری جنسلر آراسندیکی مناسبت ، شکلنی اوزگه‌رتمش ، فقط اصلنی محا فظه ایتمشدور ، اوپمك آرضوسی، تنفس ایتمك آرضوسی قدر طبیعیدور، صمیمیت دورنده یاشاواتیمز ، اوپمك آرضوسیغا مقاومت ایتمك ، ریاکارلقدور . طبیعیدرکه اوپمکده اجتماعی قانونلرگه تابع اولمالیدور ، فقط بر قز مطلق بر ایرکك طرفندن اوپولمه‌س دیمك توغری امه‌سدور. یرنده واصولنده اوپمکده واوپولمکده محذور یوقدور . اوپوش ئه‌سکی ، تاریخی بر عنعنه‌دور ، اوپوشسز یاشالماس ، یاشالور دیمك ریاکارلق قلمقدور . »



ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

# اوپوش نیچون لزومسزدور؟

«هرکنج قز، ده سلهبکی اوپوشنی، مستقبلد یکی خوجه سی اوچون ساقلار، اولهنمه سدن اول، اونگغا بونگغا اوپوش تار- قاتماق، خوجه سیگه عائد بولغان برشیئنی اسراف ایتمکدور. اوپمك سوق طبیعیگه تابع اولمق دیمك اولور. فقط مدنی انسا ننك سوق طبیعی ایلهحرکت ایتیشیگه حیثیت صاحبی برقز نك، یابانچی بر ایرکك طرفندن اوپولوشیگه قانداق مساعده قیلیشیغا عقلیم ایرشمهیدو، ایرککلر اکثر اولهنمه سدن اول اوپکهن قزلری ایله اویلهنمهسلهر. زیرا اویلهنمهسدن اول اوزینی یابانچی اولغان بر ایرکه ککه اوپدور گینینی کوروب، اویله نگهندن صوکره ده باشقالرگه اوپدوروشیگه حکم قلورلر. ارککلر ازدواج خصو- صنده انحصار اصولینی قبول ایتمشلر دور. اوزلری ویالغوز اوزلری طرفندن اوپولمش برقز ایله اویله نمك استهرلر. هیچ برایرکك باشقالردن آشیب قالغان برقیز ایله اویلهنمهك استهمهس، به تیکگه ساتیب آلغوچی ییگیسینی استه گینی کبی قز ایله اویلینید- یغان زمان باشقالرینك ئه سکیتد یگینی استه مهسلهر.»

ماتریال بولومی



پاداچیلق حیاتیدن بر کورونوش



ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

## بلدرش

1948 نجی یلنك برنجی یانواریدن باشلاب تانکیده ,,وتیانشان نشریاتی،، نامنده رسمی برتورکچه نشریات قورولدی . بوقورو مغه حاجی یعقوب یوسفی ، وتورغان مایرامیلر رهبرلك قیلیدو . قوروم موندن صولك شمال غرب مدنیت قورولوش جمعیتی طرفندن چیقاریلیدیغان ,,جهان،، ,,یاشلر بلمی،، ,,ادبیات،، ناملی مجموعه لر نلك مسئولیتینی اوزاوستیگه آلیدو، وهر آیده ترتیبلی حالدا اوقور لریغه مجموعه لرنی وقتیدن قالدیرمای یه تکوزوب توریدو. موندن باشقا قوروم ینه کتاب چیلقنی هم اوزاوستیگه آلدی . انشاء الله فیبرال ومارتدن باشلاب بوقوروم ملتکه اوزییمشلرینی بیره جکدور ، قلم اهلیلرینك بونشریاتقه ییقیندن یاردمده بولماقلرینی وتنقیدده بولو نما قلرینی کوبدن ـ کوب رجا ایتیدو .

,,وتیانشان نشریاتی،،

## اسکه رتمه

قسقه حکایه ، منظوم ونثری شعرلر تربیه وی کا میدییه لر ، ادبیاتقا عائد مقالیلرنی ممنونیت ایله ویاخشی قلم حقی ایله قبول قیلیمز، مقاله نلك صاحبی اوز آدره سینی تولوق معلوم قلغینیده لك بر رسمینی هم ایوه تسه مقاله سی بلهن برگه مجموعه گه باسامز .

اداره

# 文藝

中華民國三十六年十二月

編譯者：哈吉牙合甫

出版者：西北文化建設協會編譯館

發行者：西北文化建設協會

總經銷處：西北文化供應社迪化、蘭州、南京

分銷處：新疆各大書店

價目新幣二百五十元

南京洪武路志宏中西印刷所承印

# ادبيات

جمهور يتنك 36 نجى يلى ديكابر

مسئول محرر : حاجى يعقوب يوسفى

طبع ايتكوچى : ش. غ. م. ق. ج. تحريرات بولومى

ناشرى : ش. غ. م. ق. جمعيتى

ساتو باشقا رماسى : شمال غرب مدنيت تأمينله ش جمعيتى اوروموچى ، لانجو ، نانكين

بولوملرى : شنكجانك هرقايسى كتبخانه لرى

بهاسى : 250 اولكه دوللارى

نانكين زخوك مطبعه خانه سيده باسيلدى .

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى



باش شاعریمز اوتكور افندینك یاقتی رسمی